قىزىل يىڭناغۇچ چۆچەكلەر مەجمۇئەسى

# قىزىل بۆك



شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت-فوتو سۈرەت نەشرىياتى

Scanned by CamScanner

بۇ كىتاب جۇڭگو چاتما رەسىملەر نەشرىياتىنىڭ 1997 - يىل 5 - ئاي 1 - نەشرى، 1998 - يىل 3 - ئاي 3 - باسمىسىغا ئاساسەن تاللاپ تەرجىمە ۋە نەشر قىلىندى.

# قىزىل بۆك

## قىزىل يىڭناغۇچ چۆچەكلەر توپلىمى (4)

---

شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت - فوتو سۈرەت نەشرىياتى نەشر قىلىپ تارقاتتى
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسى تەرىپىدىن تارقىتىلدۇ
ئۈرۈمچى گۈەنشيۈڭ باسما چەكلىك شىركىتىدە بېسىلدى
فورماتى: 1194mm×889، 1/48؛ باسما تاۋىقى: 0.5
2000 - يىل 1 - ئاي 1 - نەشرى، 2011 - يىل 4 - ئاي 7 - بېسىلىشى

ISBN 978 - 7 - 80547 - 814 - 2

---

بىر يۈرۈش باھاسى: 10.80 يۈەن، پارچە باھاسى: 1.80 يۈەن

قىزىل يىڭناغۇچ چۆچەكلەر مەجمۇئەسى

# قىزىل بۆك



ئەسلىي ئاپتورى: گرىن [گېرمانىيە]

ئۆزگەرتىپ تۈزگۈچى: جۇ ۋېي

تەرجىمە قىلغۇچى: ماھىنۇر غوپۇر

شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت-فوتو سۈرەت نەشرىياتى

Scanned by CamScanner

1. بىر قىزچاق بار بو-
لۇپ، ئۇ ھەمىشە قىزىل بۆك
كىيىپ يۈرگەچكە، كىشىلەر
ئۇنى «قىزىل بۆك» دەپ ئاتايدى-
كەن.



2. بىر كۈنى ئاپىسى ئۇنىڭغا: «قىزىل بۆك، مومىڭىز ئاغرىپ قاپتۇ. ئۇنىڭغا ئازراق يېيدىغان نەر-
سە ئاپىرىپ بېرىڭ، يولدا ئويناپ قالماڭ جۇمۇ» دەپتۇ.



Scanned by CamScanner

3. قىزىل بۆك «ماقۇل!» دەپ،مومىسىنىڭ ئۆيىگە قاراپ مېڭىپتۇ.



Scanned by CamScanner

4. ئورمانلىققا يېقىن
كەلگەندە بىر بۆرە ئۇچراپ،
قىزىل بۆكتىن: «قىزىل
بۆك نەگە كېتىۋاتىسەن؟»
دەپ سوراپتۇ.



Scanned by CamScanner

5 . «ئەتىگەنلىكىڭىز خەيرلىك
بولسۇن بۆرە ئەپەندى، مەن مومامغا پې-
چىنە-پىرەنىك ئاپىرىپ بەرگىلى كېتى-
ۋاتىمەن» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ قىزىل
بۆك.





6. بۆرە: «ئۇھۇي، نېمىدېگەن گەپ ئاڭلايدىغان بالا بۇ-ھە! بولسا موماڭغا بىر دەستە گۈلمۇ ئالغاچ كەتكىن» دەپتۇ-دە، قىزىل بۆكنى بىر گۈللۈككە باشلاپ بېرىپتۇ.

Scanned by CamScanner

7. قىزىل بۆك رەڭگارەڭ گۈللەرنى كۆرۈپ،گۈل ئۈزۈشكە باشلاپتۇ. بۇنى كۆرگەن بۆرە ئۇنىڭغا: «جىقراق ئۈزگىن، تاغنىڭ ئۇ تەرىپىدە تېخىمۇ كۆپ، تېخىمۇ چىرايلىق گۈللەر بار» دەپتۇ.





8. بۆرە چاندۇرماستىن كېتىپ قاپتۇ. ئۇ كۆڭلىدە: «بۇ قېتىم قىزىل بۆك بىلەن مومىسىنى بىراقلا يەيدىغان بولدۇم» دەپ ئويلاپتۇ.

Scanned by CamScanner

9. بۆرە قىزىل
بۆكىنىڭ مومىسىنىڭ
ئۆيىگە بېرىپ ئىشىك-
نى چېكىپتۇ. موماي
«كىم؟» دەپ سورىغان
ئىكەن، بۆرە: «مەن
قىزىل بۆك» دەپ جا-
ۋاب بېرىپتۇ.



Scanned by CamScanner



10. موماي: «ئورنۇمدىن تۇرالمايمەن، ئىشىكنىڭ تۇتقۇچىنى بۇرىساڭلا ئېچىلىدۇ» دەپتۇ. بۆرە ئىشىكتىن كىرىپلا مومايغا ئېتىلىپتۇ.

Scanned by CamScanner

11. بۆرە مومايىنى بىر يالماپلا يۇتۇۋېتىپ، ئۇنىڭ كىيىمى ۋە بۆكىنى كىيىۋاپتۇ.



Scanned by CamScanner



12. قىزىل بۆككە كەلسەك، ئۇ گۈللەرنى يەتكۈچە ئۈزۈپ مومىسى-
نىڭ ئۆيىگە كەپتۇ.



13. قىزىل بۆك مومىسىنىڭ بۆ-
كىنى چۆكۈرۈپ كىيىپ، كارىۋاتتا
ياتقانلىقىنى كۆرۈپ: «موما، ياخشى-
مۇسىز؟ قۇلىقىڭىز نېمىشقا بۇنداق
يوغىناپ كەتتى؟» دەپ سورىغان ئى-
كەن، مومىسى: «قۇلىقىم يوغان بولسا
گېپىڭنى ئاسان ئاڭلىيالايمەن» دەپ
جاۋاب بېرىپتۇ.

Scanned by CamScanner

14. قىزىل بۆك يەنە سوئال سوراشقا باشلاپتۇ:

«موما، كۆزىڭىز نېمىشقا بۇنداق يوغان؟»

«كۆزۈم يوغان بولسا سېنى ئوبدان كۆرەلەيمەن»

«موما، قولىڭىز نېمىشقا بۇنداق ئۇزۇن، ئاغزىڭىز نېمىشقا بۇنداق قورقۇنچلۇق؟»



Scanned by CamScanner

15. «سېنى تۇتۇۋېلىش، سېنى يېيىش ئۈچۈن!» دەپلا بۆرە كارىۋات-
تىن سەكرەپ چۈشۈپ، قىزىل بۆكنى بىر يالماپلا يۇتۇۋېتىپتۇ.



Scanned by CamScanner



16. بۆرە قورساقلىرىنى باداڭدەك كۆپتۈرۈپ، كارىۋاتتا يېتىپ راسا خورەك تارتىپ ئۇيقۇغا كېتىپتۇ.

Scanned by CamScanner



17. بىر ئوۋچى دېرىزە تۈۋىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ بۆرىنىڭ كارىۋاتتا ياتقانلىقىنى، قورسىقىنىڭ تولىمۇ تومپىيىپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپتۇ.

Scanned by CamScanner

18. ئوۋچى بۆرىگە قارىتىپ ئوق ئاتماقچى بولۇپ،كۆڭلىدە: «بۆرە موماينى يەۋەتكەن بولۇشى مۇمكىن» دەپ ئويلاپ، ئۈستەل ئۈستىدىكى قايچىنى ئېلىپ بۆرىنىڭ قورسىقىنى يېرىشقا باشلاپتۇ.



Scanned by CamScanner

19. قىزىل بۆك بۆرىنىڭ قورسىقىدىن: «ۋايجان، ئەجەب قورقۇپ كەتتىم» دېگىنىچە سەكرەپ چىقىپتۇ. كەينىدىن مومىسىمۇ ئامان-ئېسەن چىقىپتۇ.



20. ئوۋچى يوغان بىر تاشنى بۆرىنىڭ قورسىقىغا سېلىپ قويۇپتۇ.



Scanned by CamScanner

21. موماي يىڭنە بىلەن بۆرىنىڭ قورسىقىنى تىكىپ قويۇپتۇ.



Scanned by CamScanner



22. بۆرە قېچىپ كەتمەكچى بولۇپ ئورنىدىن تۇرۇپتۇ-يۇ، بېشى قېيىپ يەرگە يىقىلىپ چۈشۈپ ئۆلۈپتۇ.

本书根据中国连环画出版社 1997 年 5 月第一版，1998 年 3 月第三次印刷版本选译出版。

小红帽

红蜻蜓丛书（4）

新疆美术摄影出版社出版发行

新疆新华书店经销

乌鲁木齐市冠雄印刷有限公司印刷

889 × 1194毫米 48开 0.5印张

2000 年 1 月第 1 次版 2011 年 4 月第 7 次印刷

ISBN 978-7-80547-814-2

总定价:10.80元 每册价:1.80元(维)

Scanned by CamScanner

مەسئۇل مۇھەررىرى : روشەنگۈل تۇرسۇن

گۈزەل سەنئەت مۇھەررىرى : ئازات بارات



ISBN 978-7-80547-814-2

9 787805 478142 >

总定价:10.80元 每册价:1.80元（维）